# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي

24

دۈشەنبە

维吾尔文 6月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24736 - سان  بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى لۇ كاڭ 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ياپونىيەنىڭ ئوساكاغا بېرىپ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

# مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«يېتەكچى پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2020 - يىلغا بارغاندا، زامانىۋى يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش تۈزۈم رامكىسى ۋە سىياسەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ، كەنت دەرىجىلىك كېڭىشىش، مەسلىھەتلەشىش تۈزۈمى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلىدۇ، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. 2035 - يىلغا بارغاندا، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئاممىۋى باشقۇرۇش، ئاممىۋى بىخەتەرلىك كاپالەت سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئىدارە قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، يېزا - كەنت جەمئىيىتى ئۇنۇملۇك، ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئىناق تەرتىپلىك ئىدارە قىلىنىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

«يېتەكچى پىكىر»دە يەنە يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر، تەشكىللەپ يولغا قويۇش قاتارلىقلارنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قارىتا كونكرېت تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.



## قارىغوجا ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىپ ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قومۇل شەرقىي تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوتلاقتا سۇنئىي ياسالغان بىر چاڭگىغا ماكانلاشقان ھال رەڭ قارىغوجا.

ياز كىرگەندىن بۇيان، تۈمەنلىگەن ھال رەڭ قارىغوجا قومۇل شەرقىي تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاققا كۆچۈپ كېلىپ چېكەتكە تۇتۇپ يەپ، ماكانلىشىپ، كۆپىيىپ، چېكەتكىنىڭ ئوتلاققا سالىدىغان زىيىنىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قومۇل شەھىرى سۇنئىي چاڭگا ياساپ قۇشلارنى جەلپ قىلىش، قارىغوجا مۇھاپىزەت رايونى ۋە يېتىشتۈرۈش - كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھال رەڭ قارىغوجا ئۈچۈن تىنچ، ياخشى تەبىئىي مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ھەر يىلى زور تۈركۈمدىكى ھال رەڭ قارىغوجىنى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە جەلپ قىلغاچقا، ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى قوغدالدى. □ لى خۇا فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە يولداش جاڭ فۇچېڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىغا قارىتا، سىچۈەن چاڭنىڭدىكى 6.0 بال يەر تەۋرەشكە قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە يولداش جاڭ فۇچېڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىغا قارىتا، سىچۈەن چاڭنىڭدىكى 6.0 بال يەر تەۋرەشكە قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مۇھىم، زور زىددىيەت ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە ئەسقاتىدىغان چارە كۆرسىتىش، قاتتىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق قېيىن مەسىلىلەرنى يېشىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتا، مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھاياتىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇپ، دىققەتنى مۇھىم ساھە، مۇھىم ۋەزىپە، مۇھىم سىناق نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق سۇبىيېكت، ئاچقۇچلۇق ھالقا، ئاچقۇچلۇق تۈگۈننى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتا ئارقىلىق تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# بىڭتۇەن بۇ يىل 36 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 88 تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىدى

مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەننىڭ** يېقىندا بىڭتۇەن ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئۇقۇشىچە، نۆۋەتتە، 2019 - يىللىق بىڭتۇەننىڭ خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ يولغا قويۇلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ جان - جان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مائارىپ، كېسەل كۆرسىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كۆتۈنۈش، كىرىمنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە جەمئىي ئون چوڭ خىلدىكى 88 تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشى يولغا قويۇلغان بولۇپ، 36 مىليارد 717 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان.

بۇ يىل خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشى پىلانىدىكى ئومۇمىي سېلىنما 2018 - يىلدىكىدىن 7.4% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ دەرىجىلىك مالىيە سېلىنمىسى تۆت ھەسسە كۆپەيگەن؛ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك قەرز خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن، بارلىق ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك سېلىنما تۈرلىرىنىڭ يانداشما سېلىنمىسى بىڭتۇەن، شىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، قەرز ئالماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنغان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# «ماڭا بىر پارچە چۆللۈك بەرسىڭىز، سىزگە بىر پارچە بوستانلىق قايتۇرىمەن»

## ـــ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سابىق ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بى كېشيەن توغرىسىدا خاتىرە

### ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

[ئىلاۋە]

ئۈلگىلەر كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، كۈرەش كىشى قەلبىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتماقتا. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش. يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىش، پارتىيەگە سادىق بولۇش، تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلىپ، دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى ئۆزلۈكسىز مۇجەسسەملەيدۇ. دىققىتىڭلار ئىستونىمىزدا بولسۇن.

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز گۇڭ شىجيې

دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلەرنى مىسالغا ئالغاندا، ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى كەم بولسا بولمايدۇ؛ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاقسۇلۇقلارنى رىغبەتلەندۈرگەن كۆكيار روھىنى تىلغا ئالغاندا، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەش، ئورمان يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى بى كېشيەننى تىلغا ئالماي بولمايدۇ.

1956 - يىلى، شەندۇڭ ئۆلكىسى تەيئەن ئورمانچىلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بى كېشيەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ ئورمانچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۈگۈنكى كۈندە، 63 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەينى يىللاردىكى يىگىت 90 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بوۋايغا ئايلاندى، لېكىن ئۇنىڭ «ماڭا بىر پارچە چۆللۈك بەرسىڭىز، سىزگە بىر پارچە بوستانلىق قايتۇرىمەن» دېگەن مەردانە ئىرادىسى قىلچە سۇسلىشىپ قالمىدى.

■ كۆچەت تىكىشكە ئاشىق بولۇش يېشىللىققا مەپتۇن بولۇش

«ھاياتلىق داۋاملاشسىلا، كۈرەش توختىمايدۇ. كۆچەت تىكىلىدىغانلا بولسا، مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىم تۈگەپ، ئاغرىقىم يوقاپ، پۈتۈن بەدىنىم تۇگىمەس كۈچكە تولىدۇ» دېدى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باي ناھىيەسىدىكى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى دۇڭخې نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش بۆلۈمى كۆكەرتىش بازىسىدا خادىملارنى باشلاپ دەل - دەرەخلەرنى باشقۇرۇۋاتقان، پەرۋىش قىلىۋاتقان بى كېشيەن.

ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئىككى قولى قاداق بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ بوۋاي 1998 - يىلى كېچىكىپ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئورۇن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئېكولوگىيەلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى يېشىللىققا تەۋە دەپ قارىغاچقا، كونا كەسپىنى قىلىشنى ئىنتايىن خالايتتى.

بى كېشيەن بىلەن بىللە دەل - دەرەخلەرنى باشقۇرۇۋاتقان، پەرۋىش قىلىۋاتقانلاردىن يەنە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋاڭ لى بار. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بېيجىڭدا بىر يۈرۈش مىراس ئۆيى بار بولۇپ، پەرزەنتلىرى جەنۇبتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىدە پۈتۈنلەي خاتىرجەم، راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى، لېكىن بى كېشيەن ئاقسۇدا تۇرۇپ قېلىپ، چۆل - جەزىرىلەرگە كېلىپ كۆچەت تىكمەكچى بولدى. خوتۇنى ئۇنى قايىل قىلالماي، ئامالسىز كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

بى كېشيەننىڭ ئارقىسىدا، دۇڭخې نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش بۆلۈمى كۆكەرتىش بازىسىنىڭ رەتلىك كۆكەرتىش بەلبېغى بار ئىدى. پىلان بويىچە، ئورمان بەلبېغى يەنە داۋاملىق چۆللۈككە قاراپ ئۇزارتىلاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى